**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

# باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

## ــــ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئوبزور

**تىيانشان مۇلاھىزىسى**

□ جاڭ بېي

مەسىلىنى توغرا تېپىش، ھەرىكەت ھالىتىدە تۈزىتىش، مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش... «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش باش تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر مىللەت ئاممىغا بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسەتنى چىڭىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

چوڭ سۆزلەشكە قارشى تۇرۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنى تەكىتلەش باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئىدىيە ئاڭلىقلىقىنى ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندۇرۇشتۇر، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىغا ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىگە باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلگەن ھەربىر جەھەتتە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، ئاخىرىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ئەسلى مەقسەت كوممۇنىستلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئەسلى مەقسىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشتۇر. باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسى ئۇنداق ئوڭۇشلۇق، داغدام بولمايدۇ، چوقۇم خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىس ھەمراھ بولىدۇ، چوقۇم جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، جان ـ پىدالىق بىلەن تەر ئاققۇزۇش كېرەك، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا، بىز «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش» ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچنى باش تارتماي زىممىمىزگە ئالالايمىز، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىنتىلىشتەك جاسارەت ۋە كۈچكە ئىگە بولالايمىز، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭگە ھەرگىز توختىماسلىق ئىشەنچىگە ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتقا ئىگە بولالايمىز.

باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەكىتلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى تارماقلار نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاساسىدا، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ھەر مىللەت ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى بايقاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەقىقىي، ئەمەلىي تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال ئېلىپ باردى. باش تېما تەربىيەسىنىڭ جەريانى ھەم پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى، شۇنداقلا خەلقنى مەركەز قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى، يەنە پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاش جەريانىدۇر. باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى قەدىرلەپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشتەك خىزمەت ئىستىلى ئارقىلىق، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇشتەك خىزمەت پوزىتسىيەسى بىلەن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

تىرىشىپ ئىشلىگەنلەر دائىم غەلىبە قازىنىدۇ، ھارماي ـ تالماي ئىلگىرىلىگەنلەر ھامان نىشانغا يېتىدۇ. باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇپ، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي ئۈنۈمنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، باش تېما تەربىيەسى بويىچە ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى ۋە ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بەش جەھەتتىن كۆپچىلىك بىلەن تەسىراتىنى ئالماشتۇردى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى پارتىيەمىزنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىدىكى «يىلتىز» ۋە «روھ». «نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش»نى پۇختا ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈلىدىغان ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، چوڭقۇر بولۇشى، قەلبكە سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش»نى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى جانلىق ئەمەلىيىتىدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق قەتئىي، كەسكىن، كەم ـ كوتىسىز، سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ياخشى تۇتۇش كېرەك. «ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش»نى پۇختا ئىگىلەپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى چەكلەش، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. «خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش»نى پۇختا ئىگىلەپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەھمىيەت بېرىۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، بولغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ھەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئەمىن ئۆي قاتارلىق جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. «پاك ـ دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش»نى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى ئەينەك ۋە ئۆرنەك قىلىپ، چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىستىل ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى قاتتىق، ئەمەلىي، ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل، پاك بولغان، خەلقنى رازى قىلىدىغان مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلار، بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلار ھەممە 2 ـ دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى قاتارلىقلار پارتىيە دەرسىگە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«گۈزەللىكنى سۆيۈش ئاياللارنىڭ تۇغما تەبىئىتى». قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خېرىدار بىلەن ئالدىراش سالاملىشىۋاتقان نۇرىمانگۈل بېشىنى بۇرىغىنىچە: «مەن ئىلگىرى يوقاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلىمەن» دېدى.

ئىلگىرى نۇرىمانگۈل مودا يۈرەتتى ھەم گۈزەللىكنى سۆيەتتى، ئۇ ناھىيە بازىرىدا بىر تورتخانا ئاچقانىدى، ئېرى دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. نۇرىمانگۈل مۇنداق دېدى: «بىر قېتىملىق تاسادىپىي كەچۈرمىش ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.» 2014 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئۇ دوستىنىڭ دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقاندا، بىر كىشى ئۇنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ: «ئاياللار بىلىكى، پاچىقى ئوچۇق كىيىم كىيسە بولمايدۇ، بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىدۇ...» دېدى.

نۇرىمانگۈل قورقتى... كېيىن يەنە بىر قانچە قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىدى، نۇرىمانگۈل بۇ سۆزلەرگە ئاستا ـ ئاستا ئىشەندى، شۇنداقلا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كەتتى.

«ئۇ قاپقارا كىيىم كىيدى، كىيىمنى بارغانسېرى ئۇزۇن كىيدى، ئاخىرىدا ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئورىۋالدى.» نۇرىمانگۈلنىڭ ئېرى مەمەتتۇرسۇن ياخشى مۇنداق دېدى: كېيىن ئۇ گىرىممۇ قىلمايدىغان بولدى، روھىي ھالىتىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. دۇكاندا تورت ياسايدىغان خام ماتېرىياللارغىمۇ ئۇ جەزمەن «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەت بولۇشى كېرەك، دەپ تەلەپ قويىدىغان بولدى، بولمىسا ئىشلەتمىدى.

نۇرىمانگۈلدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۆيىدىكىلەرنى ۋەھىمىگە سالدى، مەمەتتۇرسۇن قىزى بىلەن بىرلىشىپ خوتۇنىغا خىزمەت ئىشلىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سەپەرۋەرلىكىدە، 2018 ـ يىلى نۇرىمانگۈل يېڭىسار ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلدى. «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان تۇغما تەبىئىتىنى چەكلىدى.» نۇرىمانگۈل: ئىلگىرى مودىراق كىيىنىشتىنمۇ قورقاتتىم، ھازىر نېمە كىيگۈم كەلسە شۇنى كىيىمەن، دېدى. ئۆزى ياسىنىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئىلھاملاندۇردى.

**■ تېخنىكا ئۆگەنگەندىن كېيىن قايتا ئىگىلىك تىكلەش**

تاغنۇر تورت دۇكىنىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 70 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، كۆرگەزمە ئىشكاپىغا ھەرخىل پېچىنە ـ پىرەنىكلەر لىق تىزىلغان بولۇپ، ئوخشاش خىلدىكىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەندىم.» نۇرىمانگۈل بىر ئاز ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار بىزگە قولمۇقول ئۆگەتتى، ئىلگىرى تورت دۇكىنى ئاچقاندا پەقەت بىر نەچچە خىل تورت پىشۇرۇشنىلا بىلەتتىم، ھازىر نەچچە ئون خىل تورت پىشۇرالايدىغان بولدۇم.

نۇرىمانگۈلنىڭ پۇتۇڭخۇاسى تازا ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، لېكىن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا توسالغۇغا ئۇچرىمايتتى. «ئىلگىرى مەن پۇتۇڭخۇانى بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمىگەچكە، ئىشارەت قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئىلاجسىز قالغاندا، ئېرىمدىن ياردەم سورايتتىم.» نۇرىمانگۈل دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سۆھبەت داۋامىدا خېرىدارلار توختىماي كىرىپ تۇردى، نۇرىمانگۈل قىزغىن سالاملىشىپ، خېرىدارلارنى ئەمدىلا دۇخوپكىدىن چىققان پېچىنە ـ پىرەنىكلەرگە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ نەپىس گىرىمى، مودا قىسقا چېچىغا ماسلاشتۇرۇپ كىيگەن قىزىل قىسقا يوپكىسى ئۇنى ناھايىتى مودا ۋە چاققان كۆرسىتىپ تۇراتتى.

نۇرىمانگۈلنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يەنە بىر يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىنىڭ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن، ھازىر بېزىلىۋېتىپتۇ، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تىجارەت باشلايدىكەن، ئاساسلىقى گەنگو، خوگو، ھامبۇرگ بولكىسى تىجارىتى قىلىدىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «ناھىيەدە مۇشۇنداق ئاشخانىدىن ئىككىسى بار، سودىسى ياخشى، ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئادەم كۆپ، مەنمۇ سىناپ باقاي دەيمەن، ئۆيۈمدىكىلەرمۇ قوللىدى».

دۇكان ئورنىنى مەھەللە كادىرى ئەمەتجان ئۆمەر نۇرىمانگۈلگە تاللاپ بەرگەن. «ئۇ ئۆزى نۇرغۇن ئورۇننى كۆرۈپ بېقىپ رازى بولماي، مەھەللىگە بىزدىن ياردەم سوراپ كەپتىكەن.» ئەمەتجان مۇنداق دېدى: ئىلگىرى بىز ئۇنى تونۇيتتۇق، ئۇچرىتالمايتتۇق، ھازىر ھەمىشە ئالدىراش ھالەتتىلا ئۇچرىتىدىغان بولدۇق.

چۈشكە ئاز قالغاندا، دۇكانغا كېلىپ پېچىنە ـ پىرەنىك سېتىۋالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى، خېرىدارلارنى كۈتۈۋالغاندىن سىرت، نۇرىمانگۈل يەنە پىشۇرۇش ئۆيىگە كىرىپ قاراپ باقاتتى، ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتەتتى...

**■ ئاچا ـ سىڭىللارنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش**

قىزىنىڭ نەزەرىدە نۇرىمانگۈل گۈزەللىكنى سۆيىدىغان بولۇپ ئۆزگەردى؛ مەمەتتۇرسۇننىڭ نەزەرىدە، ھازىرقى خوتۇنى مودا ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەنىدى؛ ئاچىسى ئاسىمگۈل روزىنىڭ نەزەرىدە سىڭلىسى ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئىدى...

ئاسىمگۈل ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئېرى لىنىيە ئاپتوبۇسى ھەيدەيتتى. «سىڭلىم تەربىيەلىنىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مېنى ئۆزىدىن تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى، يەنە مېنىڭ دۇكان ئېچىپ پېچىنە ـ پىرەنىك سېتىشىمغا ياردەم قىلدى. ئۇ ئاياللار ئۆزى پۇل تاپالىشى، مۇستەقىل بولۇشى كېرەك دەيدۇ.» ئاسىمگۈل ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ تورت دۇكىنىنىڭ يېڭىلا تىجارەت باشلىغانلىقىنى، سودىسىنىڭمۇ يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۆزى پۇل تاپقاندىكى ھېسسىياتنىڭ تولىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تاغنۇر تورت دۇكىنىدىكى ئالتە خىزمەتچىنىڭ كۆپىنچىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەردىكى نامرات ئائىلىلەر بولۇپ، بەزىلىرى تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىدى. خىزمەتچى بۇمەرىيەم سۇلتان مۇنداق دېدى: بۇ يەردە تېخنىكا ئۆگەنگەندىن باشقا، يەنە خوجايىنغا ئەگىشىپ پۇتۇڭخۇانى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

ئادەتتە، نۇرىمانگۈل خىزمەتچىلەرگە تورت ياساشنى ئۆگەتكەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. نۇرىمانگۈل مۇنداق دېدى: پات ئارىدا تىجارەت باشلايدىغان يېڭى دۇكانغىمۇ نامرات ئاھالىلەرنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئالدىن قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

«مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياجلىق كىشىگە ياردەم قىلىمەن، تېخىمۇ كۆپ ئايالغا ياردەم قىلىمەن، ئۇلارنى ئۆيدىن چىقىپ، سىرتقى رەڭدار دۇنيانى كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرىمەن» دېدى نۇرىمانگۈل.

نۇرىمانگۈل مۇخبىرنى ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆيىدىكى سافاسىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى. «ئۇ تەربىيەلىنىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دوستلىرى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەندە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ مۇشۇ سافانى سېتىۋالدى.» مەمەتتۇرسۇن: خوتۇنۇمدىكى ئۆزگىرىش پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ كەيپىياتىنىمۇ پائال ئالغا ئىنتىلىدىغان قىلدى، دېدى. ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىزى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى يۈكسەلدۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ...

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا جىياڭشىنىڭ كۈچىنى قوشىمىز.

يى لىيەنخۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە دۇچ كەلدى، بىز يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك. دىققەتنى ئېھتىياجغا مەركەزلەشتۈرۈپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى تۇتۇپ، دىققەتنى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ كەمتۈكلۈككە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىدا «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىشىمىز، دىققەتنى خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت بۇ نىگىزگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ ۋە تۈرنى ئاساسىي قاتلام ھەم خەلق تۇرمۇشىغا مايىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، دىققەتنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىككى جايدىكى كادىرلار، ئاممىلار، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى تۇتۇپ، جىياڭشىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇش، مەدەنىيەت ئاساسى چوڭقۇر بولۇش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا سەۋىيەسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى جاينىڭ ساياھەت، مەدەنىيەت ۋە يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئۇ مۇنداق دېدى: جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت تەدبىرى كۈچلۈك، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ، بولۇپمۇ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ بىلەن جىياڭشىنىڭ گەرچە ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئىككى جاينىڭ كۆڭلى يېقىن، رىشتى باغلانغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئادىمىيەت ئالاقىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئارا تولۇقلاشچانلىققا ئىگە، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك ياسىمچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىق ئىستىقبالى كەڭ. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى جاينىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرىكىش نۇقتىسى، كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، جىياڭشى ئۆلكىسى بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ھەقىقىي، پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە پۇختا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

جىياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لىيۇ جىياڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى يېزا ـ بازار، كارخانا، دوختۇرخانا قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەم جىياڭشىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

جىياڭشى ئۆلكىسى رەھبەرلىرىدىن چىن يى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.